**مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى**

# ياڭ شەنجوۋ: يېشىل ئابىدە تىكلىگەن «چىغ چورۇقلۇق شۇجى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىن بىنبىڭ)** «ھاياتىم ئاياغلاشمىسلا، خەلققە مۇلازىمەت قىلىشىم توختاپ قالمايدۇ» بۇ ياڭ شەنجوۋنىڭ ھايات چېغىدا قىلغان سۆزى ھەم ئۇنىڭ ھايات تەسۋىرى. ياڭ شەنجوۋ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، يۇرتى يۈننەن شىدىيەنگە قايتىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلغان. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە تۆھپە قوشۇپ، قاقاس كەتكەن دالياڭشەندە يېشىل بوستانلىق بەرپا قىلغان.



ياڭ شەنجوۋنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ياڭ شەنجوۋ 1951 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1952 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۈننەن ئۆلكىسى شىدىيەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باۋشەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئاددىي - ساددا دېھقانلىق خىسلىتىنى ساقلىغان: بىر ئۆمۈر ئاما بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشنى ياخشى كۆرگەن، يېزىغا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا جوتونى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن. ئۇ چىغ قالپاق، چىغ چورۇق كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى، يەرلىك ئاما ئۇنى يېقىن كۆرۈپ «چىغ چورۇقلۇق شۇجى» دەپ ئاتايتتى.

چىرايى قارامتۇل كەلگەن، ئىككى قولىنى قاداق قاپلىغان ئۇ دائىم: «دېھقانلار بىلەن بىرگە بولغاندا ئىگىلىگەن ئەھۋال ئەڭ ھەقىقىي بولىدۇ» دەيتتى.

1985 - يىلى، چاڭنىڭ ناھىيەسىنىڭ جىنخۇا يېزىسى ئېغىر سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان، ئەينى چاغدا باۋشەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپەسىنى ئۆتەۋاتقان ياڭ شەنجوۋ دەرھال يىغىن ئېچىپ، قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسىنى سېلىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، مەبلەغنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. بەزى يولداشلارنىڭ پىكرى چىققاندا ياڭ شەنجوۋ ئۇلاردىن: «ئەگەر خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىز يەنە غەم يېمەستىن ھەشەمەتلىك چوڭ بىنادا ئولتۇرساق، بۇنىڭدىن خىجىل بولمامسىلەر؟» دەپ سورىغان.

ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ياڭ شەنجوۋ پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرغان، ئىجرا قىلغان، كادىرلار - ئاممىنى يېتەكلەپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلمىي يەر تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر خىل تىجارەتنى قانات يايدۇرۇپ، سۇچىلىق ئەسلىھەلىرىنى ياساپ، نامرات، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىپ، تاغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ جىلغىنى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق «غەربىي يۈننەننىڭ ئاشلىق ئامبىرى»غا ئايلاندۇرغان.

1988 - يىلى، 61 ياشقا كىرگەن ياڭ شەنجوۋ باۋشەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسلىق ئىش ئورنىدىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىگە كىرىپ كۇنمىڭدا ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، يوتقان - كۆرپىسىنى ئېلىپ دالياڭشەن تېغىغا كېلىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ مەجبۇرەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلغان.

«دالياڭشەن، دالياڭشەن، يىلنىڭ يېرىمىدا يېغىن بولسا، يېرىمىدا قۇرغاق بولىدۇ...» ئىنتايىن ناچار مۇھىتتا، ئەڭ دەسلەپتە ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدىن قونالغۇ ياسىغان، لېكىن يېرىم يىلغا بارمايلا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن. ياڭ شەنجوۋ ئورمانچىلىق ئىشچىلىرىنى باشلاپ بىر تەرەپتىن ئورمان بىنا قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆي سالغان. تاغنىڭ ئىچىدە بوران كۈچلۈك، يامغۇر كۆپ، نەملىك ئېغىر ئىدى، ئۇ ماي قەغەز چاپلىغان ئۆيدە بىر تۇرۇشىدىلا توققۇز يىل تۇرغان، تاماق يەيدىغان، خىزمەت قىلىدىغان ئۈستەلى، كارىۋىتى بەكمۇ ئاددىي ئىدى.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، ياڭ شەنجوۋ بىلەن ئورمانچىلىق ئىشچىلىرى قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ، ھەممىلا يەردىن كۆچەت ئىزدىگەن. ھەر يىلدىكى رۇيياڭ گۈل بازىرى باۋشەننىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ئىدى، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن گۈل بازىرىغا بېرىپ كوچىدىن مېۋە ئۇرۇقلىرىنى تەرگەن، تېرىپ بولالمىغاندا ئورمانچىلىق ئىشچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىرلىكتە تەرگەن. ئوغۇت بولمىسا، كۆپچىلىك كەنت يولىدىكى كالا، ئات، چوشقا قىغلىرىنى يىغىپ ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەن...

22 يىل جاپاغا چىداپ ئەجىر قىلىش ئارقىلىق، ياڭ شەنجوۋ كادىرلار - ئاممىنى يېتەكلەپ، 56 مىڭ مو يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، دالياڭشەن تېغىغا يېشىل تون كىيدۈرگەن. ئۇ يەنە كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ، ئورمان رايونىدا 18 كىلومېتىرغا سوزۇلغان تاشيول ياساپ، توك سىمىدىن تۆت كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇلاپ، دالياڭشەن تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاممىنى يول راۋان، توك راۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن.

2009 - يىلى 4 - ئايدا، ياڭ شەنجوۋ قىممىتى 300 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دالياڭشەن تېغى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى دۆلەتكە ھەقسىز تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ئاممىغا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت باغلىغان بولۇپ، دائىم ئۆزىنىڭ مائاشىنى چىقىرىپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارغا ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق ئېلىپ بەرگەن، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە ئېلىپ بەرگەن؛ لېكىن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە باشتىن - ئاخىر قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەزەلدىن قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ شەخسىي ئىش قىلىپ بەرمىگەن.

ئۇ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشقان. 2010 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ياڭ شەنجوۋ كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھى پارتىيەلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى، ئىش بېجىرىشى، ئادەم بولۇشى ئۈچۈن شانلىق بايراق تىكلەپ بەردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقى پەيتىدە، ياڭ شەنجوۋغا «ئىسلاھات ئاۋانگارتى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە دالياڭشەن تېغىدا دەل - دەرەخلەر يېشىللىققا پۈركىنىپ، ئېقىن سۇلار ئېقىپ تۇرماقتا. باۋشەن شەھىرىنىڭ شىدىيەن ناھىيەسىدىكى ياڭ شەنجوۋ خاتىرە سارىيىدا «خەلقنىڭ چاكىرى ياڭ شەنجوۋ» دېگەن نەچچە چوڭ قىزىل خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى، ياڭ شەنجوۋنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

«دادام ئۆيگە ناھايىتى ئاز كېلەتتى، دالياڭشەندىكى ئۆيىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆيى ئىدى» دېدى ياڭ شەنجوۋنىڭ چوڭ قىزى ياڭ خۇيجۇ.

# جاڭ لياڭ: يالقۇنلۇق دېڭىزدىكى مەڭگۈلۈك ھايات

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار لى جېڭ، گو شياڭ)** 2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، دالىيەندىكى «7.16» زور ئوت ئاپىتى قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىدا ئۇدا 86 سائەت كۈرەش قىلغان جاڭ لياڭنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن غايەت زور دېڭىز دولقۇنى يۇتۇۋېلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. يالقۇنلۇق دېڭىزدا ئۇنىڭ ھاياتى 25 ياشتا مەڭگۈلۈك توختاپ قالغان.



جاڭ لياڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جاڭ لياڭ، 1985 - يىلى تۇغۇلغان، ھايات چېغىدا دالىيەن ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى ئۇرۇش ئارقا سەپ كاپالەتلىك چوڭ ئەترىتى 3 - بەنىنىڭ بەنجاڭى بولغان. 2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 18دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە، دالىيەن شەھىرى داگۇشەن شىنگاڭ پىرىستانى باجىدىن خالىي رايونىدىكى ماي باكى تۇرۇبا لىنىيەسى پارتلاپ كېتىپ ئوت كەتكەن، پورت رايونىدا قىسمەن ماي باكى، دى مېتىل بېنزول قاتارلىق خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇملار بار بولۇپ، باك رايونىغا ئۈزلۈكسىز ئوت ئېقىنى قىستاپ كەلگەن، كونتروللۇقنى يوقاتسىلا، پۈتكۈل باك رايونى ھەتتا تەرەققىيات رايونىنىڭ ھەممىسىگە ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى.

نېفىت خىمىيە سانائىتى ئوت ئاپىتىنى تىزگىنلەش، ئۆچۈرۈشتە ئەڭ مۇھىم نۇقتا جەزمەن يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش دورىسىنىڭ بولۇشىدۇر. جاڭ لياڭنىڭ مەسئۇل بولىدىغىنى پۈتكۈل ئوت مەيدانىنىڭ ئەڭ ئاساسى، ئەڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولۇپ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىشنى مۇقىم، يۇقىرى ئۈنۈمدە سۇ بىلەن تەمىنلەشتۇر.

ئوت كەتكەن جاينىڭ مۇھىتى ئىنتايىن خەتەرلىك، ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەھۋالدا، بەنجاڭ جاڭ لياڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش خادىملىرىنى باشلاپ، دالىيەن شىنگاڭ كوچىسى نەنخەيتۇن نەنخەي پىرىستانىنى ئىگىلەپ، تېزلىكتە لەيلىمە كېمە پومپىسىنى جايلاشتۇرۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا لىنىيەسىنى ياتقۇزغان. قىسقىغىنا 40 مىنۇتتا، ئىككى كىلومېتىرغا يېقىن سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ بولۇنغان، مىنۇتىغا 8000 لىتىرلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئوت ئۆچۈرۈش بىرىنچى سېپىنى يېتەرلىك «ئوق - دورا» بىلەن تەمىنلىگەن.

خام نېفىت دېڭىز يۈزىگە ئېقىپ كەتكەنلىكتىن، لەيلىمە كېمە پومپىسى دېڭىز سۈيىنى تارتىپ چىقىرىش جەريانىدا، زور مىقداردىكى ماي داغلىرى، دېڭىز چۆپلىرىنىمۇ سۈزۈش قاپقىقىغا يېپىشتۇرۇۋالغان، ئەگەر سۈزۈش قاپقىقى ئېغىر دەرىجىدە توسۇلۇپ قالسا، سۇ تارتىپ چىقىرىش مىقدارى ئېغىر دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئالدىنقى سەپنى ئۈزلۈكسىز سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جاڭ لياڭ ھەر سائەتتە بىر قېتىم سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۈزۈش قاپقىقىدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلىغان، ھەر قېتىم تازىلاش ئاخىرلىشىپ قىرغاققا چىققاندا، جاڭ لياڭ خۇددى «مايلىق چاپان» كىيىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن. 400 جىڭ كېلىدىغان لەيلىمە كېمە پومپىسىنى قولدا قايتا - قايتا تازىلىغان، دۈمبىسىنى ئۆتكۈر خادا تاشلار تىلىۋەتكەن، دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ جاراھىتىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشتۇرغان، جاڭ لياڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يەنىلا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگەن.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 9دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، نەق مەيداندىكى بارلىق ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، جاڭ لياڭ يىراق مۇساپىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەترىتىدە كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئىجرا قىلغان. ئۇ ھەر قېتىم ئەخلەتلەرنى يېرىم سائەتكە يېقىن تازىلايتتى، يەنە تېخى ھەر سائەتتە بىر قېتىم سۇغا سەكرەپ چۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسكۇنە، تۇرۇبا يوللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە رېمونت قىلىشقىمۇ خېلى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتىن 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەچكىچە، جاڭ لياڭ پۇرسەت بولسىلا ئازراق مۈگدەۋالاتتى، ھەر قېتىم مۈگدەۋالغان ۋاقتى 15 مىنۇتقىمۇ يەتمەيتتى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 19دا، باش قوماندانلىق ئىشتابى ئەڭ ئاخىرقى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، بارلىق يوشۇرۇن خەۋپلەرنى تۈگىتىشنى قارار قىلغان. جاڭ لياڭ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يىراق مۇساپىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنى باك رايونى ئىچىگە ياتقۇزۇپ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر قېتىمدىلا جەڭنى تۈگەتمەكچى بولغان. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 21دىن باشلاپ، جاڭ لياڭ ۋە سەپداشلىرى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسىنى قايتىدىن ياتقۇزۇشقا باشلىغان، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەر سائەت 2 بولغاندا، ئۇلار ئاندىن دېڭىز قىرغىقىدىكى بازىغا قايتىپ ئارام ئالغان.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە، دېڭىز يۈزىدىكى شامال كۈچى سەككىز - توققۇز بالغا يەتكەن ئەھۋالدا، جاڭ لياڭ ئالدىنقى سەپنى ئۈزلۈكسىز سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆز بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، بىخەتەرلىك تانىسى بىلەن بېلىقچىلىق كېمىسىنىڭ پولات ئارغامچىسىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم سۇغا چۈشۈپ لەيلىمە كېمە پومپىسىنى تازىلىغان. دېڭىز يۈزىدە تۇيۇقسىز غايەت زور دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنى يۇتۇۋالغان، جاڭ لياڭ بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

جاڭ لياڭ قۇربان بولغاندا ئاران 25 ياشتا ئىدى، ھەربىي سەپكە كىرگىنىگە يەتتە يىل بولغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالانغان، جەمئىي 900 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش - قۇتقۇزۇش جېڭىگە قاتنىشىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

2008 - يىلى ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەشتە لياۋنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، جاڭ لياڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۇ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش سېپىدە پارتىيەگە كىرگەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سۇ ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 6 مىليون 954 مىڭ كىلوۋات ئىكەن. شىنجاڭدا پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ تارقىلىشىدا ئومۇميۈزلۈك جايلىشىش، رايون تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك نامايان بولغان، شەرقىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايونىنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 16 مىليون 375 مىڭ 800 كىلوۋات بولۇپ، شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش ئاساس قىلىنغان؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايونىنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 6 مىليون 886 مىڭ 400 كىلوۋات بولۇپ، فوتوۋولتتىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش ئاساس قىلىنغان؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 13 مىليون 709 مىڭ 100 كىلوۋات بولۇپ، ھەر خىل تىپلار ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولغان.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ۋە پاكىز ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. قۇمۇل شەھىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشقا كۆچەپ، 10 مىليون كىلوۋاتلىق شامال ئېلېكتر بازىسى ۋە مىليون كىلوۋاتلىق فوتوۋولت بازىسى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە پاكىز ئېنېرگىيە توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى قۇمۇل ئېلېكتر تورى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 64.42%نى ئىگىلىدى؛ ئالتاي ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېشىل ئېنېرگىيە تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيە توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ئالتاي ئېلېكتر تورى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 90.67%نى ئىگىلىدى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى سۇ بايلىقى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سۇ ئېلېكتر تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيە توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ئىلى ئېلېكتر تورى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 47.17%نى ئىگىلىدى. تۇرپان شەھىرى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى شۇ جايدىكى ئېلېكتر تورى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

پاكىز ئېنېرگىيە توك تارقىتىش گېنېراتورى تورى كۆلىمىنىڭ سىجىل كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈپ، پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ رايون، ئۆلكە ھالقىغان بازار سودىسىغا تۈرتكە بولۇپ، پاكىز ئېنېرگىيەنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىستېمال بازىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى ئاشۇردى. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تۈرلۈك ئېلېكتر مەنبەلىرىدىن توك تارقىتىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، سىستېمىنىڭ يۇقىرى پەللىنى تەڭشەش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سەپلەشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۆز جايىنىڭ ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈردى، نۆۋەتتە جەمئىي سەپلىمە توك مىقدارىدىن 24 مىليارد 900 مىليون كىلوۋات سائەتنى ئىشقا ئاشۇردى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئىچكى قىسىمدا تەمىنلەش تۆت ھالقىلىق تورى، سىرتقا يەتكۈزۈش تۆت يولدىن ئىبارەت ئېلېكتر تورى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 25 مىليون كىلوۋاتقا يەتتى. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 77 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەت پاكىز ئېنېرگىيەنى سىرتقا يەتكۈزدى، بۇ، 24 مىليون 730 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى ئاز كۆيدۈرگەنگە، 66 مىليون 770 مىڭ توننا كاربون IV ئوكسىدى، 21 مىڭ توننا گۈڭگۈرت IV ئوكسىدىنى ئاز قويۇپ بەرگەنگە باراۋەر.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆكتاتلارنىڭ مىقدارى تەدرىجىي ئېشىپ، تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

«شىركىتىمىز ھازىر ئېكسپورت قىلىۋاتقان مېۋە - كۆكتاتلاردىن ئاساسلىقى لازا، شوخلا، سەۋزە، ئالما قاتارلىقلار بار، ھەر كۈنى جەمئىي 100 توننا ئەتراپىدا بولىۋاتىدۇ، بۇ مېۋە - كۆكتاتلار بىر كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قازاقىستانغا يەتكۈزۈلىدۇ. گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىركىتىمىزنىڭ 1 - پەسىلدىكى ئېكسپورت مىقدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىچى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان زاكازلارنى تولۇقلاپ قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز بار» دېدى قورغاس پورتىدا مېۋە - كۆكتات ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەر يۇ چيېجۇڭ.

ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارغا بولغان ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئاشقاچقا، نۇرغۇن ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قورغاسقا ماكانلاشتى. بۇ كارخانىلار شەنشى، گۇاڭشى، گەنسۇ قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ماللارنى يىغىپ، سۈپىتى ياخشى جۈزە، ئالما، لازا، خاڭگا، شوخلا، موگۇ قاتارلىق مېۋە - كۆكتاتلارنى ئامبارغا توشۇپ، ئايرىپ ئاپتوموبىلغا قاچىلىغاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك مېۋە - كۆكتاتلىرى بىلەن بىللە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، تاشقى جەھەتتە ئالاقىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مېۋە - كۆكتات ئېكسپورتىنىڭ خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

يۇقۇمنىڭ مېۋە - كۆكتات ئېكسپورتىغا بولغان تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، قورغاس شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، قورغاس تاموژنىسى شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلار قاراتمىلىق ھالدا كارخانىلارنىڭ يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈشتە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك، ترانسپورت راۋان بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ماددىي ئەشيالىرىنى تېز سۈرئەتتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە ئالدىن كاپالەتلىك قىلدى. قورغاس تاموژنىسى ئېلان تاختىسى، كارخانىغا ئالاقىدار ئالاقە توپى شۇنداقلا نەق مەيدانغا بېرىپ زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەۋەلىك رايوندىكى مېۋە - كۆكتات ئېكسپورت كارخانىلىرىغا تەشۋىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بىرمۇبىر يېتەكچىلىك قىلىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، مېۋە - كۆكتات ئېكسپورتىنىڭ كېڭىيىشىنى قوللاپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)